ئالاتاۋ:

# «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا راۋاقلىنىشنىڭ «ئىنچىكە سىزما رەسمى»نى كۆڭۈل قويۇپ سىزىپ چىقتى

(بېشى 1 - بەتتە)

تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى قولايلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئالاتاۋ «چوڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش» ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بەلگىلەنگەن پورت ئالاھىدە سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتىنىڭ پۈتۈن ئاپتوموبىل، ئاشلىق، تىرىك چارۋا، ئۆسۈملۈك مايسىسى، گۆش تۈرى، مېۋە - چېۋە قاتارلىقلارنى چېگرادىن كىرگۈزۈشتىكى بەلگىلەنگەن پورتلۇق ۋە تۆمۈريول خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش پونكىتلىق سالاھىيىتى تەستىقلاندى، تولۇقلانغان يېڭى سۈ مەھسۇلاتلىرىنى چېگرادىن كىرگۈزۈشتىكى بەلگىلەنگەن پورتلۇق سالاھىيىتىنىڭ يېقىندا تەستىقلىنىشىدىن ئۈمىد بار.

شۇ جايدىكى كەسىپلەرنىڭ توپلىنىش سۈرئىتىمۇ تېزلەشمەكتە. جىنشاخې ئۈنچىلىقى، جېيندې توقۇمىچىلىقى، ۋەنجيا داۋالاش كەسپى... ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا ماكانلاشقان تۈرلۈك كارخانا 500دىن كۆپرەككە يەتتى.

ئالاتاۋ ئەيجۇ چىنجياڭ يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى خۇ شۇمىڭ مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، شىركەت ئالاتاۋدا كۈنىگە 400 تونىنا ياغنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىنچىكە چەككىلەش - پىششىقلاش زاۋۇتى، كۈنىگە 500 تونىنا بۇغدايىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئۇن پىششىقلاش سېخى ھەم 50 مىڭ تونىلىق بۇغداي ئوبوروت ئامبىرى قۇرۇپ، ئالاتاۋنىڭ ئەشيا ئوبوروتى تېز، قولاي بولۇش ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەھسۇلاتنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ساتىدۇ.

بۇ يىل، ئالاتاۋ پورتى «يەككە كۆزنەك»تە بىرلەشتۈرۈپ ئىلتىماس قىلىش، 24 سائەت ئالدىن كېلىشىپ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش، كېچىدە تەكشۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئېمپورت - ئېكسپورت تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

«نۆۋەتتە، بىز رىجاۋ پورتى، ساۋفېيدىيەن پورتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدۇق، مەقسەت چېگرا ھالقىغان ترانسپورتنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، دالىيەن پورتى، لىيەنيۈنگاڭ پورتى، نىڭبو پورتى، شاڭخەي پورتى قاتارلىق تۈگۈنلەر بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلىپ، ئالاتاۋ بىلەن دېڭىز ئۈستى يىپەك يولىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈندۇر.» ئالاتاۋ شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى پې لۇپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالاتاۋنى جۇڭگو - قازاقىستان چېگراسىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

## ■ ياشاشقا باب كېلىش، ئىگىلىك تىكلەشكە باب كېلىش كەسىپ بىلەن شەھەر يۇغۇرۇلۇش

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئالاتاۋ شەھىرىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەركىزىي شەھەر كۆرگەزمە سارىيى يەنە ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن بىر تۈركۈم ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالاتاۋ شەھىرى چېگرا سودىسى مەدەنىيىتى، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مەدەنىيىتى، قىزىل مەدەنىيەتنى تولۇق قېزىپ، مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى سىجىل زورايتىپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا پائال تۈرتكە بولدى. بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، 280 مىڭغا يېقىن ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى، ئالاتاۋ شەھىرىدىن ئىبارەت بۇ چېگرا رايوندىكى كىچىك شەھەر يېڭى قىياپەت بىلەن ئۆزىگە خاس ساياھەت مەنزىلگاھى ۋە يىغىلىش - تارقىلىش ئورنىغا ئايلانماقتا.

بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاپتونوم رايون ئالاتاۋنى قۇرۇقلۇق چېگرا پورتى تىپىدىكى دۆلەت ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنى قىلىشقا يوللىدى. يېقىندا، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى «ئالاتاۋنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى توققۇز تۈرلۈك تەدبىر»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى تېزلىتىشنى نىشان قىلىپ، خەلقئارا تەمىنلەش زەنجىرى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، «بىر بەلباغ، بىر يول» كەسىپلىرىنى تەشكىللەش مەركىزىنى يېتىشتۈرۈش تەلپى بويىچە، ئاسىيا - ياۋروپا خەلقئارا تۈگۈن ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئالاتاۋنى پورت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى كۈچلۈك، ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلىش سۈپەت - ئۈنۈمى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىچكى قۇرۇقلۇق چېگرا بويىدىكى ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلىش يېڭى ئېگىزلىكى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

«كەلگۈسىدە، بىز ‹يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى› قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، پورت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىمىز، كېڭەيتىمىز؛ پورتنىڭ رايون ئورنى، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون سىياسىتى گىرەلىشىش ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، غەربكە ئېچىۋېتىش تەرەققىيات يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىمىز؛ ساياھەتچىلىكنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كۈچەپ ئالاتاۋنى ئىقتىدارى مۇكەممەل، ئىگىلىك تىكلەشكە باب كېلىدىغان، ياشاشقا باب كېلىدىغان، كەسىپ بىلەن شەھەر يۇغۇرۇلغان زامانىۋى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز» دېدى ئالاتاۋ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دى يۈڭجياڭ.

# ئاپتونوم رايون دەريا - كۆللەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ باش دەريا(كۆل) باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن باش دەريا(كۆل) باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دەريا(كۆل) باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەۋقەنى دۆلەت ئەھۋالىغا، سۇ ئەھۋالىغا قويۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرى ۋە يۇقىرى قاتلاملىق لايىھەسى، دۆلىتىمىزنىڭ سۇ تىزگىنلەش تۈزۈلمىسى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تۈزۈمىدىكى مۇھىم، زور ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش. 2018 - يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ دەريا(كۆل) باشلىقى تۈزۈمىدە مۇھىم باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، دەريا(كۆل) باشلىقى تۈزۈمى خىزمەت مەسئۇلىيىتى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دەريا - كۆللەرنى چارلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، دەريا - كۆللەرنىڭ قىياپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ قاتنىشىشى تېخىمۇ كەڭ بولدى، لېكىن دەريا - كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداشتا يەنە نۇرغۇن ئاجىز ھالقا مەۋجۇت بولۇپ، دەريا - كۆللەرنى تۈزەش، قوغداش ۋەزىپىسى يەنىلا مۇشكۈل. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دەريا - كۆل باشلىقلىرى، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاق»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دەريا - كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداش ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دەريا(كۆل) باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دەريا - كۆللەرگە جىمجىتلىق، ئىناقلىق، گۈزەللىكنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى دەريا - كۆللەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەريا - كۆل باشلىقلىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دەريا - كۆللەرنى تۈزەش ھەرىكەت لايىھەسىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ تۈزۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، مەسىلە يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي ھالدا دەريا - كۆللەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەشنى پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى زىيادە ئېچىشنى قەتئىي توسۇپ، دەريا - كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداش دائىرىسىنى قانۇن بويىچە بېكىتىپ، دەريا - كۆللەردىكى «تۆت قالايمىقان» مەسىلىسىنى تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، دەريا - كۆل سۈيىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، سۇ ئېكولوگىيەسىنى قوغداشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە دەريا - كۆللەرگە چېتىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى قانۇنچىللىق ئىزىغا سېلىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، دەريا - كۆللەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەش نىشان - ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئورۇنداپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

لى پېڭشىن خۇلاسە سۆزىدە مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۆنىلىشنى توغرىلاپ، دىققەتنى دەل جايىدا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ھەقىقىي قول سېلىپ قىيىنغا تېگىش قىلىپ، ماسلىشىپ بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن دەريا - كۆللەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دەريا - كۆللەرنى ياخشى تۈزەپ، ياخشى قوغداپ، دەريا - كۆللەردىن مەڭگۈ پايدىلىنىش، شىنجاڭنىڭ سۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

# قوتازچىلىق كەسپىنىڭ دەرىجىسى ئۆستى چارۋىچىلارنىڭ ھەمىيىنى تومپايدى

(بېشى 1 - بەتتە)

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى دەفتەر يېزىسىنىڭ قونجىراپ كەنتىدىكى قوتاز نەسلىنى ياخشىلاش مەركىزىدە، بۇ بەستلىك ھەم كۈچلۈك قوتازلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك قوتازلار بىلەن بولغان پەرقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

ناھىيەلىك چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چوپان ئەلدات مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل 4 - ئايدا چىڭخەيدىن 70 تۇياق داتۇڭ قوتىزى كىرگۈزدۇق، بۇ قوتازلارنى چېگرا لىنىيەسىدىكى 13 قوتاز توپىغا تارقاقلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلايمىز.

ئۇقۇشتىن بۇيان، «ئېگىزلىك كېمىسى» دەپ نامى بار قوتاز تاشقورغاننىڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز رايوندا ياشاپ كەلگەن، ئارىلاش بېقىلغان، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئومۇميۈزلۈك بىرقەدەر تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى ئەمەس، قوتاز نەسلى ئاجىزلىشىش، قېرىلىشىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن.

2017 - يىلىدىن بۇيان، شېنجېن شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت تاشقورغانغا دەل جايىدا ياردەم بەردى، يۆلىدى، خىزمەت گۇرۇپپىسى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قوتاز نەسلىنى ياخشىلاش تۈرىنى دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتتى.

شېنجېننىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى فەن لىبې مۇنداق تونۇشتۇردى: خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىشنى قوتاز نەسلىنى ياخشىلاشنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلاپ، قوتاز پەن تەتقىقات سەۋىيەسى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كوللېكتىپ — جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى لەنجۇ چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنى كىرگۈزدى. 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇيان، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە كارخانىلار كۆپ قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى، ھەمكارلىقنى ئۇدۇللاشتۇردى.

نۆۋەتتە، قوتازنى سۈنئىي كۆپەيتىشتە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، قوتاز نەسلىنى ياخشىلاش مەركىزى بۇ يىل كىرگۈزگەن 70 تۇياق داتۇڭ قوتىزى 29نى موزايلاپ، موزايلاش نىسبىتى ۋە ئەيي بولۇش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% بولۇپ، كىرگۈزۈلگەن قوتازلارنىڭ ماسلىشىشچانلىق مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى.



## قوتازچىلىق كەسپىنى زورايتىش كىرىمنى ئاشۇرۇپ خەلقنى بېيىتىشقا كۈچ قوشۇش

«بۇنىڭدىن كېيىن، قوتازنى ئۆلمىي بېقىش چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولىغا ئايلىنىدۇ.» چوپان مۇنداق دېدى: ناھىيەمىز بۇ يىل ھەربىر ئائىلىگە ئۈچ تۇياق قوتاز بېرىش ئۆلچىمى بويىچە، 2640 تۇياق قوتاز تارقىتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 880 نامرات ئائىلىنى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. پەن تەتقىقات كوللېكتىپىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قوتازنى ئۆلمىي باققاندىن كېيىن بىر - ئىككى يىلدىلا قوتاندىن چىقىرىش ئەمدى يېڭىلىق ھېسابلانمايدۇ.

قونجىراپ كەنتىدىكى چارۋىچى ئىسلام پىيوزىق قوتازنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش تۈرىدىن نەپ ئالغۇچى. 2017 - يىلى، ئۇ بىر تۇياق نامراتلارنى يۆلەش قوتىزىنى ھەقسىز ئالدى، ئۆزى يەنە ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىپ، تۆت تۇياق سېتىۋالدى، كۆپەيتىش ئارقىلىق قوتىزى سەككىز تۇياققا يەتتى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇلتۇر قەرزنى تولۇق قايتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

نۆۋەتتە، بۇ ناھىيەدە بېقىلىۋاتقان قوتاز 40 مىڭ تۇياققا يەتتى، قوتاز ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن ئۈچى بار بولدى، «باشلامچى كارخانا+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+چارۋىچى» ئەندىزىسى چارۋىچىلارغا پايدا تەقسىم قىلىپ مەنپەئەت يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە قوتازچىلىق كەسپىنىمۇ تېز زورايتتى.

«بىز بىر كارخانا بىلەن مۇددىئا كېلىشىمى ئىمزالىدۇق، تاشقورغاندا زامانىۋى سويۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيەسى قۇرۇپ، قوتازنىڭ ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى بازىرىنى ئاچىمىز» دېدى فەن لىبې.



## دىيەن كەنتىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى «چېگرا قوغداش قوتىزى» باقتى

قوتاز دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىزلىكتە ياشاشقا ماس كېلىدۇ، چارۋىچىلار چېگرانى قوغداش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا قوتازدىن ئايرىلالمايدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، تاشقورغان چېگرا لىنىيەسىدە 13 كەنت بار ئىكەن، فەن لىبې مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، ناھىيە قوتازنى سۈنئىي كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، يېڭى نەسلىنى كۆپەيتىش كۆلىمىنى ئىمكانقەدەر تېز كېڭەيتىپ، چېگرا لىنىيەسىدە ياشاۋاتقان چارۋىچىلارنىڭ بىر تەرەپتىن قوتاز بېقىشى، بىر تەرەپتىن چېگرانى قوغدىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ».

تاشقورغان يەنە دىيەن كەنتىدە قوتاز يادرولۇق توپى بېقىش بازىسى قۇرىدۇ. پىلانغا ئاساسەن، 13 كەنتنىڭ قوتاز ئاساسىي باقمىچىلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمىگە ئاساسەن چارۋا سىغىمچانلىقى بېكىتىلىپ، ماس كۆلەمدىكى قوتان، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك ئىسكىلاتى سېلىنىدۇ. 800 تۇياق ئەلا سۈپەتلىك قوتاز ئوتلاق كۆلىمىگە ئاساسەن ھەرقايسى چېگرا كەنتلەرگە تەقسىملەپ بېرىلىپ، كەنت كوللېكتىپ مۈلكى سۈپىتىدە، يېرىم يايلىتىپ بېقىش، يېرىم قوتاندا بېقىش ئۇسۇلىدا بېقىلىدۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى تۆۋەن كاپالەت بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، «خاتا تۆۋەن كاپالەت» «چۈشۈرۈپ قويۇلغان تۆۋەن كاپالەت» «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» «مۇناسىۋەت تۆۋەن كاپالىتى» قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا تۆۋەن كاپالەت بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى.

تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۆتكىلىنى مەنبەدىن قاتتىق ئىگىلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئۇچۇرنى سېلىشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۇچۇرىنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا، ۋاقتىدا سىستېمىغا كىرگۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ھەرقايسى جايلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ چىقىلغان ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىدىكى بېكىتىلگەن ئوبيېكتلار دەل جايىدا بولماسلىق، مەبلەغنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىۋېتىش، يېۋېلىش، ئېلىۋېلىش، قىسىۋېلىش، تەلەپ قىلىش، ساختا مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش، قىسىۋېلىپ تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئائىلىلەرگە كىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

6 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ دەل جايىدا بېكىتىپ، ئائىلە كىرىمى تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن 79 مىڭ ئادەمنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىدىن ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشەپ چىقىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 65 مىڭ ئادەمنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇشتىكى «كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش» «چېكىندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق چېكىندۈرۈش»نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا تۆۋەن كاپالىتى ئۆلچىمى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي قىيىنچىلىقى بار ھەربىر ئاممىنى ئۈنۈملۈك قۇتقۇزدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىدىن يېزا تۆۋەن كاپالىتىگە كىرگۈزۈلگىنى 990 مىڭ ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 850 مىڭ ئادەم بار بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 86%نى ئىگىلىدى.

8 - ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 2 مىليون 90 مىڭ شەھەر - يېزا تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتىغا قارىتا راست نام تۈزۈمى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، مالىيەدىن بېقىش، ئاپتوموبىل، سودا - سانائەت بويىچە رويخەتكە ئېلىش، قازا قىلغانلار قاتارلىق ئۇچۇرلار ئومۇميۈزلۈك شاللاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئائىلە كىرىمى، ئائىلە مال - مۈلكى شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى ئەستايىدىل قىلىپ رەتلىنىپ، «خاتا تۆۋەن كاپالەت» «چۈشۈرۈپ قويۇلغان تۆۋەن كاپالەت» مەسىلىسى ئۈنۈملۈك بايقىلىپ، ھەل قىلىنىپ، تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرىنى دەل جايىدا بېكىتىش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايون خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى يەنە مالىيەدىن بېقىلىدىغانلار، كەنت(ئاھالە) كومىتېتى كادىرلىرى، تۆۋەن كاپالەتنى بېجىرگۈچىلەر، بولۇپمۇ خەلق ئىشلىرى كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا تۆۋەن كاپالەتتىن بەھرىمەن بولۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۆۋەن كاپالەت خىزمىتىدىكى «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» «مۇناسىۋەت تۆۋەن كاپالىتى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاتتىق تەكشۈردى، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، بۇنداق تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتىدىن 684 ئادەمنى ئېنىقلاپ چېكىندۈردى.